# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىرنى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەشنى باشتىن ـ ئاخىر قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەسلىككە مۇناسىۋەتلىك ئىستراتېگىيەلىك، ئۇلۇغ خىزمەت قىلدى. جۇڭگو پىيونېرلار ئەترىتى پارتىيە قۇرغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى، ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى ئۆگىنىدىغان مەكتىپى، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم قۇرۇشنىڭ زاپاس ئەترىتى. ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو پىيونېرلار ئەترىتى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنى پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللىرىدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشكە ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، پارتىيەنىڭ ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار ئىشلىرىدا تەڭداشسىز مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار ۋە پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، سىياسىي يېتەكچىلىكنى ئومۇميۈزلۈك يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەلالاشتۇردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار ۋە پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانى يېڭى دەۋردىكى پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى، پارتىيەنىڭ ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە، تارىخىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولدى. يېڭى دەۋردىكى پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارغا قارىتىلغان سىياسىي جەھەتتە ئويغىنىش ۋە قىممەت قارىشى يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنى كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشقا يېتەكلەش ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش، ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا، قىزىل گېننى ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزۈشتە مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

«پىكىر»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېتەكچى ئىدىيە: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار ۋە پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، پارتىيە، ياشلار ئىتتىپاقى، پىيونېرلار ئەترىتىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، دىققەتنى كوممۇنىزم ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى سىياسىي جەھەتتە ئويغىنىش ۋە قىممەت قارىشى يارىتىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، پىيونېرلارنىڭ شەرەپ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش خىزمەت ئاساسىي لىنىيەسىنى ئىگىلەپ، تەشكىللىك تەربىيەلەش، ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلەش، ئەمەلىيەت ئارقىلىق تەربىيەلەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىن يېڭىلىق يارىتىش ۋە خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، كەڭ ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنى تىرىشىپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشقا ئىنتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيەلەش، يېتەكلەش.

«پىكىر»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان خىزمەت پىرىنسىپى: پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ كوممۇنىزم ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش تۈپ ۋەزىپىسىدە چىڭ تۇرۇش؛ پىيونېرلارنىڭ شەرەپ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشنى خىزمەت ئاساسىي لىنىيەسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ تەشكىللىك تەربىيەلەش، ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلەش، ئەمەلىيەت ئارقىلىق تەربىيەلەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش؛ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇش.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: سىياسىي يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بايرىقى روشەن ھالدا كوممۇنىزم ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك؛ پىيونېرلارنىڭ شەرەپ تۇيغۇسىنى كۈچەپ كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پىيونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتىنىڭ ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ سىياسىي ئۆلچەمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پىيونېرلار ئەترىتى يېتەكچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

«پىكىر»دە يەنە پارتىيەنىڭ پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش، پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ خىزمەت خىراجەت كاپالىتىنى ئاشۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا يىغىن كاتىبات باشقارمىسىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنى ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى، پىلانى، خامچوت لايىھەسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى، پىلانى، خامچوت توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنى ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى؛ ئالاقىدار دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسى ۋە تۈرلۈك نامزاتلار ئىسىملىكى لايىھەسى قاراپ چىقىلدى، بۇ لايىھەلەرنى ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىشى، مۇھاكىمە قىلىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى؛ يىغىندا ۋەكىللەر بىرلىشىپ نامزات كۆرسىتىشنىڭ توختاش ۋاقتى 2021 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سائەت 13 كېچە بولۇش قارار قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقىرىقى ھۆججەت لايىھەلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ يېپىلىش يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جىيشەن، جۇرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇتەللىپ ئوبۇل، دوۋ ۋەنگۈي، جيۇ شۇخۇا، ياڭ يۈك، ئىلھام سابىر، ما شيۇگېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش رەئىسلەر يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ گۇرۇپپا مۇزاكىرىسى ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى، بۇ قېتىمقى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان ئالاقىدار ھۆججەت ـ لايىھەلەرنى قاراپ چىقتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بايرىقى روشەن بولغان، ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۇلىنى پۇختىلايدىغان، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەيدىغان مۇھىم يەرلىك نىزام بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە.

ۋەكىل فېڭ جيې مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەشتە مەۋقە ئەمەلىيەتكە قويۇلغان، ئىلمىي، ئوبيېكتىپ بولغان، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن، باش تېمىسى روشەن، مەزمۇنى مول، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولغان ياخشى دوكلات بوپتۇ. يېڭى بىر يىلدا، بىز ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمەت سىستېمىسىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئاممىنىڭ قانۇننى بىلىش، قانۇننى چۈشىنىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇندىن پايدىلىنىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتىگە ئىگە قىلىمىز.

ۋەكىل شازادەم ئابدۇراخمان مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ، بۇ، بىزنىڭ يېزىلىرىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى يەنە بىر چوڭ ياخشى پۇرسەت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز دېھقان ـ چارۋىچىلار ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىپ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق، ئىشىنىمەنكى، «ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيەسىنىڭ يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، بىزنىڭ كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ.

ۋەكىل مەمەتنىياز تۇرسۇن خەلق ساقچىسى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېدى: پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋەزىيىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. مەن مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنى زىممەمگە ئېلىپ، ئاگاھ سىگنالنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىش، دائىم ھوشيار تۇرۇشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا كۈچ قوشىمەن.

ۋەكىل خې شياۋيې مۇنداق دېدى: ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى پۇرسەت بىلىپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ئېڭى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيەمىزنىڭ جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىش، قۇدرەت تېپىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتتىن ئىجادىيەت ئىلھامىغا ئېرىشىپ، ئۇلۇغ پارتىيە، ئۇلۇغ ۋەتەن، ئۇلۇغ خەلقنى مەدھىيەلىشى كېرەك.

ۋەكىل شەپقەت ھوشۇر مۇنداق دېدى: يېزا ئىگىلىكىدىكى چوڭ ناھىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، شايار ناھىيەسى «بەش چوڭ گۈللەندۈرۈش»كە دەل جايىدا كۈچەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ، كېڭەيتىدۇ ھەم بۇنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەسپلىرى كۈچلۈك، مۇھىتى ئەلا، يۇرت ـ ماكانى گۈزەل يېڭى يېزا ـ كەنت قۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

**(ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى ياۋ تۇڭ، جېڭ جو، خې خۇڭۋېي، يۈەن لېي، رايىدە، ليۇ يى، شى شىن، جاۋ جيۈن، ياڭ شۇخەن، ليۇ شياڭ، جاڭ يۈنمېي يازغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇش، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. ئىككى مەھكىمە دوكلاتى يىغىنچاق ئىستىلى ئاددىي ـ ساددا، دېلو مىساللىرى تەپسىلىي ۋە ئەمەلىي، سانلىق مەلۇماتلىرى مول، نەتىجىلەر ئوبيېكتىپ ۋە ئەمەلىي يەكۈنلەنگەن، مەسىلىلەر چوڭقۇر ۋە تولۇق تەھلىل قىلىنغان، ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، سىياسىي يۈكسەكلىككە، خەلق تۇرمۇشى ئىللىقلىقىغا ئىگە ياخشى دوكلات بوپتۇ، قانۇننى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈش، ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسى نامايان قىلىنىپتۇ، بۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ئارزۇسىغا ئۇيغۇن، دەۋرنىڭ يېڭى تەلىپىگە ئۇيغۇن.

ئەزا لۇ ئەيخۇا مۇنداق دېدى: 2020 ـ يىلى، ئىككى مەھكىمە قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش، خەلق ئۈچۈن قانۇن ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش، جەمئىيەتتىكى زىددىيەت ـ ماجىرالارنى ھەل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك ئەدلىيە كاپالىتىگە ئىگە قىلدى. ئىككى مەھكىمىنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆپ خىل تەدبىرلەرنى تەڭ قوللىنىپ، قانۇن يۈرگۈزۈش، دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئەزا سۇڭ يۇشيا مۇنداق دېدى: ئىككى مەھكىمە دوكلاتىدا ئۆتكەن بىر يىلدا، ئىككى مەھكىمىنىڭ سىياسىي يۈكسەكلىكى يۇقىرى، خەلق ئۈچۈن قانۇن ئىجرا قىلىش ئېڭى كۈچلۈك، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەمەلىي نەتىجىسى ياخشى بولغانلىقى تولۇق نامايان قىلىنىپتۇ. ئىككى مەھكىمىنىڭ خەلقنى مەركەز قىلىش ئىدىيەسىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ خەلق ئۈچۈن قانۇن ئىجرا قىلىپ، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغداپ، تۈرلۈك جىنايەتلەرگە كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك زەربە بېرىپ ۋە ئۇنى جازالاپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

«ئىككى مەھكىمىنىڭ دوكلاتى سان ـ سىپىر، پاكىت ئارقىلىق سۆزلىنىپتۇ، مەزمۇنى تەپسىلىي ۋە ئەمەلىي، يېڭىلىق يارىتىلغان يارقىن نۇقتىلار كۆپ بوپتۇ.» ئەزا ما يەنبو ئىككى مەھكىمىنىڭ دوكلاتىغا قوشۇمچە قىلىنغان سانلىق مەلۇمات خەرىتىسىنى ناھايىتى يېڭىلىق ھېس قىلدى. ئۇ ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات شەكلىدە داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىپ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدىكى قانۇنچىللىق تەشۋىق ـ تەربىيە سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى بالىلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشنى ئۈمىد قىلدى.

ئەزا ما خۇادۇڭ مۇنداق دېدى: دوكلاتتا ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمەتلەر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئومۇميۈزلۈك، كونكرېت خۇلاسىلىنىپتۇ، 2021 ـ يىللىق خىزمەت پىكىر يولى روشەن، ۋەزىپىلەر ئېنىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئامما ئارىسىغا، ئاممىنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

**(ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى لى ياڭ، چاۋ جىن، سۈي يۈنيەن، مېھرىگۈل غوپۇر، لياڭ لىخۇا، جاڭ جىلى، جاۋ شيا يازغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش داۋامىدا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، «14 ـ بەش يىل» باشلانغان يىل، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىگە قەدەم قويۇلغان يىل. دائىمىي كومىتېت شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن باش نىشاننى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ، 11 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆز قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىدە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. شەۋكەت ئىمىن بۇ يىلقى ئاساسلىق ۋەزىپىلەرنى يەتتە جەھەتتىن شەرھلەپ بايان قىلدى: پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش؛ چوڭ ئىشلاردا، مۇھىم ئىشلاردا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشنى چىڭ كۆزلەش؛ نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش؛ نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش؛ ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش؛ ئۆز قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى شۈجۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامى لايىھەسى توغرىسىدا ئىزاھات بەردى. ئىزاھاتتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامىنى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى خىزمىتى توغرىسىدىكى تەجرىبە، ئۇسۇللىرى ۋە مۇھىم نەتىجىلىرىنى يەرلىك نىزام ئارقىلىق مۇستەھكەملەش يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىزاھاتتا نىزام لايىھەسىنى تۈزۈشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، تەييارلاش جەريانى، ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە نىزام لايىھەسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى كونكرېت تونۇشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەرگەندە مۇنداق دېدى: 2020 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوت قىلىش، ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، ئىنتىزام ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىشنى يېتەكچى قىلىپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان قوشۇن بەرپا قىلىشنى كاپالەت قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە سوت قىلىش، ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، بۇرچىنى ئادا قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەش، يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈردى. بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى؛ مۇقىملىقنى قوغداشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، كۆرەش قىلىش روھىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى؛ چوڭ ۋەزىپىگە مۇلازىمەت قىلىشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، كاپالەت تەدبىرلىرىنىڭ دەرىجىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى؛ خەلقنىڭ مەيدانىدا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن تەدبىر كۆرسىتىشنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇشى؛ ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتا يەنىمۇ بۆسۈش ھاسىل قىلىشى؛ قوشۇن بەرپا قىلىشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىدار ساپانى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىغا ھەر بىر قانۇن يۈرگۈزۈش دېلوسىدا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇستەھكەم، كۈچلۈك قانۇن يۈرگۈزۈش كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۈن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەرگەندە مۇنداق دېدى: 2020 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەپتىش ئورگانلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى دەۋردىكى «تۆت چوڭ تەپتىشلىك» «ئون چوڭ كەسىپ»كە قويۇپ، تۈرلۈك تەپتىش خىزمىتىدە يېڭى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەپتىش ئورگانلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى تەپتىش خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنى چۆرىدەپ، چوڭ ۋەزىپىگە مۇلازىمەت قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى تەپتىش ئورگىنىنىڭ يېڭى بۇرچىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى زىممىگە ئېلىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنى قانۇنچىللاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇش يېڭى تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ مەيدانىدا مەزمۇت تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئادىللىق، ھەققانىيلىققا بولغان يېڭى ئارزۇسىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇپ، نازارەت قىلىش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي، تولۇق ئادا قىلىپ، تەپتىشلىك كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى مەنزىلىنى تىرىشىپ ئېچىپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان قوشۇن قۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى تەپتىش خادىملىرىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا ماڭىدىغان يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلىپ، تەپتىشلىك ئىدىيەسىدە يېڭىلىق يارىتىش، نازارەتچىلىك مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئۇسۇل، ۋاسىتىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قانۇن نازارەتچىلىكىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈشى كېرەك.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ سايلام ۋە ئاۋازغا قويۇش چارىسى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى.